# 270314 ـ مال ئىشلەپ چىقارغۇچىنىڭ ئىسمىنى تىجارەت بەلگىسى قىلىپ قوللىنىش توغرا بولامدۇ؟

## سوئال

بۇ يەردە چۈشىنىشكە تېگىشلىك بولغان بىر مەسىلە بار، "ئايرىم بەلگە قويۇلغان تاۋار"، شىركەت بىر نەرسىلەرنى ئىشلەپ چىقىرىدۇ، ئىشلەپ چىقارغان تاۋارغا شىركەتنىڭ ئىسمىنى قويماستىن شۇ تاۋارنى ئىشلەپ چىقارغان ئىشچىلارنىڭ ئىسمىنى قويىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىسىم شۇ مالنىڭ تىجارەت بەلگىسى بولىدۇ، بۇ ئىشچى بۇ مالنى خۇددى ئۆزىنىڭ ئايرىم تىجارەت بەلگىسى قويۇلغان مېلىنى ساتقاندەك ساتىدۇ، بۇنداق شەكىلدە ئايرىم بەلگە قويۇپ مال چىقارسا ۋە ساتسا توغرا بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

## تەپسىلى جاۋاب

بارلىق گۈزەل مەدھىيلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىزمۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، بارلىق ساھابىلىرى ۋە قىيامەتكىچە توغرا يولغا ئەگەشكەنلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

شىركەت ياكى زاۋۇتنىڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن تاۋارلارنى ئىشلەپ چىقىرىپ، تاۋارنىڭ ئۈستىگە ماركا سۈپىتىدە شۇ ئىشچىنىڭ ئىسمىنى قوللىنىپ، شۇنىڭ بىلەن تاۋارنى ئىشلەپ چىقارغان زاۋۇتنىڭ ئىسمىنىڭ ئورنىغا شۇ ئىسمنى تىجارەت بەلگىسى قىلسا، ئالدامچىلىق ۋە ساختىپەزلىكتىن ساقلانسا بۇنىڭدا ھېچ خاتالىق بولمايدۇ، ئەمما ئىسمى تىجارەت بەلگىسى قىلىنغان ئىشچىنىڭ تاۋارنى مەن ئىشلەپ چىقاردىم ياكى مېنىڭ خۇسۇسى زاۋۇتۇمدا ئىشلەندى دەپ باشقىلارنى ئالدىشى توغرا بولمايدۇ، بۇ توغرىدا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: بېرىلمىگەن نەرسە بىلەن تويۇنغان كىشى يالغان كىيىم كىيىۋالغۇچىغا ئوخشاشتۇر. يەنى يوق نەرسىنى باردەپ كۆرسەتكەن يالغانچى دېمەكتۇر. [بۇخارى رىۋايىتى 5219-ھەدىس. مۇسلىم رىۋايىتى2129-ھەدىس].

زاۋۇت باشقىلارنى ئالدىماستىن ياكى ساختىپەزلىك قىلماستىن ئۆزىنىڭ تىجارەت بەلگىسىنى ياكى تىجارەت نامىنى باشقىلارغا بىكارغا ياكى مەلۇم ئىقتىسادقا بەرسە توغرا بولىدۇ.

ئىسلام پىقھى مەجمۇئەسىنىڭ ھىجرىيە 1409-يىلى، مىلادىيە 1988-يىلى كۇۋەيتتە ئۆتكۈزۈلگەن بەشىنچى قېتىملىق قۇرۇلتىيىدا مۇنداق قارار ماقۇللانغان:

بىرىنچى: تىجارەت ئىسمى ۋە تىجارەت بەلگىسى دېگەن ئۇ ئۆز ئىگىسىگە خاس بولغان ھەق-ھوقۇق بولۇپ، بۇ ھازىرقى دەۋرىدە مالىيە قىممىتى بولغان، كىشىلەر ئۇنى دەسمى قىلىدىغان بىر نەرسىگە ئايلاندى، بۇ شەرئى ھوقۇق ھېسابلىنىدىغان بولۇپ، بۇنىڭغا تاجاۋۇز قىلىش توغرا بولمايدۇ.

ئىككىنچى: تىجارەت نامى، تىجارەت ئۇنۋانى ياكى تىجارەت بەلگىسىنى باشقىلارنى ئالدىماستىن، ھىلە قىلماستىن، مەلۇم مىقداردا ئىقتىساد ئىلىپ يۆتكەپ بەرسە توغرا بولىدۇ، چۈنكى بۇ مالىيە ھەق_ھوقۇققا ئايلاندى.

ئۈچىنچى: ئەسەر ھوقۇقى، كەشپىيات ھوقۇقى ياكى ئىجادىيەت ھوقۇقى شەرئى جەھەتتە ساقلىنىدىغان ھوقۇق ھېسابلىنىدۇ، ئۆز ئىگىلىرى قانداق ئىشلەتسە توغرا بولىدۇ، ئۇنىڭغا تاجاۋۇز قىلىش توغرا بولمايدۇ. [مۇجەممەئ ژورنىلى 5–سان 3–پەسىل 2267–بەت].

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.